# راھىلەم مۇستەقىل ئائىلىغا ئايلاندى

ئەتىمىز تېخىمۇ گۈزەل

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز لى شىڭ، سۈي يۈنيەن

4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، مۇخبىرلار راھىلەم مەممەت ئىشلەيدىغان دورىخانىغا كىرىپ، راھىلەمنىڭ ئۈچىسىغا ئاق رەڭلىك خىزمەت كىيىمى كىيىپ، سۇس گىرىم قىلىپ، يەنە بىر دۇكان خىزمەتچىسى بىلەن جازىدىكى دورىلارنى رەتلەۋاتقانلىقىنى كۆردى.

«بەزى دورىلارنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كېتەي دەپ قالدى، دەرھال يىغىشتۇرۇپ رەتلەپ چىقىش كېرەك، ئەگەر ئېھتىياتسىزلىقتىن ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن دورىلارنى سېتىپ چىقىرىۋەتسەك، دورىخانىنىڭ ئىناۋىتى زىيانغا ئۇچرايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە خېرىدارلارغا مەسئۇل بولمىغانلىق بولىدۇ.» راھىلەمنىڭ پۇتۇڭخۇاسى ناھايىتى راۋان بولۇپ، سالماق، سىلىق - سىپايە سۆزلەيتتى.

## ھازىرقى خىزمىتىنى ئىنتايىن قەدىرلەش

2018 - يىلىنىڭ ئاخىرى، راھىلەم ئاقسۇ شەھەرلىك كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، بىر توقۇمىچىلىق زاۋۇتىدا بىر مەزگىل ئىشلىدى. زاۋۇت ئۆيىدىن بەك يىراق، بېرىپ - كېلىش قولايسىز بولغاچقا، ئۇ ئىستېپا بەردى.

يېڭى خىزمەت تېپىش ئۈچۈن، راھىلەم ئاقسۇ شەھىرىنىڭ چوڭ - كىچىك كوچىلىرىنى ئارىلاپ، كوچىغا يېقىن بىر دورىخانىنىڭ ئالدىغا خىزمەتچى قوبۇل قىلىش ئېلانى چاپلانغانلىقىنى كۆرۈپ، تولۇق غەيرەتكە كېلىپ دورىخانىغا كىردى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ يېڭى خىزمىتىنى باشلىدى.

ھەر كۈنى، راھىلەم بىرىنچى بولۇپ دورىخانىغا كېلىپ، دورىخانىنىڭ ئىچى - تېشىنى پاك - پاكىز تازىلايتتى. خېرىدارلار يوق چاغلاردا، ئۇ دورىلارنى ئېبدىتلاپ يۈرۈپ، ناھايىتى تېزلا دورىلارنىڭ تۈرىنى ئېنىق بىلىۋالدى.

«دورىلارنىڭ تۈرىنى ئالاھىدە پىششىق بىلىش كېرەك، شۇندىلا خېرىدارلار ئېھتىياجلىق بولغاندا تېز تاپقىلى بولىدۇ» دېدى راھىلەم.

دورا دۇكىنىنىڭ مەسئۇلى جاڭ خېجۈن مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: «دورىخانىدا ئىشلىگەندە چوقۇم ئىنچىكە، ئەستايىدىل بولۇش كېرەك، راھىلەم ئەزەلدىن خاتالىق ئۆتكۈزۈپ باقمىدى».

دورىخانا ئۆيىگە يېقىن بولغاچقا، راھىلەمنىڭ ئىشقا بېرىپ - كېلىشى بىرقەدەر قولايلىق ئىدى. دورىخانىدا ئىشلىگەن ۋاقتى بىر ئايغا توشقاندا، ئۇ 3000 يۈەن مائاش ئالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ كىرىمىدىن ناھايىتى رازى بولدى، بۇ پۇل بولغاچقا، بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇشى كاپالەتكە ئىگە بولدى، ئۇ، بۇ خىزمىتىنى ئىنتايىن قەدىرلىدى.

## ئىلگىرىكى تۇرمۇشى بىر قاباھەتلىك چۈش ئىدى

راھىلەمنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، خىزمەت تاپالماي، تېزلا ياتلىق بولغان ئىكەن. شۇ چاغدا قانۇن ئېڭى سۇس، ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ زەھەرلىشىگە ئۇچرىغان بولغاچقا، ئۇ توي قىلغاندا توي خېتى ئېلىشنىڭ ھاجىتى يوق دەپ قارىغان، ئائىلىسىدىكىلەر ۋە دوستلىرىنىڭ نەسىھىتىمۇ ئۇنى نىيىتىدىن ياندۇرالمىغان.

راھىلەم يەنە جاھىللىق بىلەن، نىقابلىق كىيىم كىيىپ ئاندىن سىرتقا چىقىش كېرەك، دەپ قارىغان. لېكىن «توي قىلغان»دىن كېيىن، راھىلەم بەختلىك بولالمىغان، قارشى تەرەپ ئازراقلا ئاچچىقى كېلىپ قالسا، ئۇنى خالىغانچە ئۇرۇپ تىللايتتى. قاباھەتلىك چۈشكە ئوخشايدىغان بۇنداق تۇرمۇش راھىلەمنىڭ تويدىن كېيىنكى تۇرمۇشتا بولغان گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئۇزۇل - كېسىل يوققا چىقىرىۋەتكەن.

راھىلەمنىڭ ئانىسى ئىنتايىن ئەنسىرەپ، ئۇنىڭ ئەھۋالىنى كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىگە ئېيتىپ، ئۇلاردىن ياردەم سورىغان. خىزمەت ئەترىتى ئەزالىرىنىڭ نەسىھەت قىلىشى بىلەن، راھىلەم ئاقسۇ شەھەرلىك كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىگە ئۆگىنىشكە تىزىملاتقان.

دەسلەپتە، ئائىلە تۇرمۇشىدىكى بەختسىزلىك سەۋەبىدىن، راھىلەمنىڭ كەيپىياتى ئىنتايىن چۈشكۈن بولغان. تەربىيەلەش مەركىزىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئەھۋالنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، دائىم ئۇنىڭ بىلەن سىرداشىپ تۇرغان، ئۇ ئاستا - ئاستا ئوقۇتقۇچىسىغا ئائىلە تۇرمۇشىدىكى بەختسىزلىكلەرنى سۆزلەپ بەرگەن. ئوقۇتقۇچىسى ئۇنىڭغا ئاتالمىش «توي قىلىش»نىڭ قانۇنسىز ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. راھىلەم چۈشتىن ئەمدىلا ئويغانغاندەك بولغان، ئۆزىنىڭ نادانلىقىدىن ئۆكۈنگەن ۋە ئازابلانغان.

ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ياردىمىدە، راھىلەم ئاستا - ئاستا تۇرمۇشىدىكى كۆلەڭگىدىن قۇتۇلۇپ، بارا - بارا ئوچۇق - يورۇق بولۇپ كەتكەن. ئۇ تەربىيەلەش مەركىزى ئاچقان ھۆسن تۈزەش - چاچ گۈزەللەشتۈرۈش سىنىپىغا قاتناشقان، ئوقۇتقۇچىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە تۇنجى قېتىم ئۆزىگە چىرايلىق گىرىم قىلىپ، ئوقۇتقۇچى ۋە ساۋاقداشلىرىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشكەن. ئەينەكتىكى چىرايلىق، ئوچۇق - يورۇق ئۆزىگە قاراپ، راھىلەم كۆڭلىدە: مەن ئىلگىرىكى ئۆزۈم بىلەن خوشلىشىپ، يېپيېڭى تۇرمۇشۇمنى باشلايمەن، دەپ ئويلىغان.

## ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىش

تەربىيەلەش مەركىزىدىكى ئۆگىنىش راھىلەمنى تۈپتىن ئۆزگەرتتى. تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئۇ كەسكىنلىك بىلەن ئۆتمۈش بىلەن ئۈزۈل - كېسىل خوشلىشىپ، يېڭى تۇرمۇشنى باشلىدى.

بۈگۈنكى كۈندە، راھىلەم ئانىسى، سىڭلىسى ۋە قىزى بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىدۇ. سىڭلىسى تېخى مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاچقا، ئۇ ئائىلىسىنىڭ «تۈۋرۈكى»گە ئايلاندى.

«ئىلگىرى كىرىمىم يوق ئىدى، ھەمىشە باشقىلارغا قولۇمنى سوزۇپ ئالاتتىم، قەدىر - قىممىتىم يوق ئىدى. ھازىر ئۆزۈم پۇل تېپىپ ئۆزۈم خەجلەيمەن، مۇستەقىل، ئۆزىگە ئىگە بولالايدىغان ئايال بولسا ھەقىقەتەن ياخشى ئىكەن. ئۆز كۈچۈمگە تايىنىپ، ئائىلەمدىكىلەرنىڭ ھالىدىن تىرىشىپ ياخشى خەۋەر ئالىمەن.» راھىلەمنىڭ تۇرمۇشقا بولغان قىزغىنلىقى تولۇپ تاشتى، «مېنىڭ قىزىم بەك ئوماق، بۇ يىل 9 - ئايدا يەسلىگە كىرىدۇ. ئانامنىڭ سالامەتلىكى يامان ئەمەس، سىڭلىم پات ئارىدا ئوقۇش پۈتكۈزسىلا خىزمەت قىلالايدۇ، بىز بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇشى بارغانسېرى بەختلىك بولىدۇ».

بۇلتۇر يىل ئاخىرىدا راھىلەم دۇكان باشلىقى بولۇپ، ھەر ئايدا 3500 يۈەن مائاش ئالالايدىغان بولدى، ئۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئانىسى ئۈچۈن تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتىدىن چېكىنىپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلدى. «كىرىمىم گەرچە يۇقىرى بولمىسىمۇ، لېكىن بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ چىقىمىغا يېتىدۇ، ئەمدى ھۆكۈمەتنىڭ يۈكىنى ئېغىرلىتىۋەتمەسلىكىمىز كېرەك» دېدى راھىلەم.

تەربىيەلەش مەركىزىدىكى ئۆگىنىش مەزگىلىدە، راھىلەم يەنە نۇرغۇن قانۇن كىتابلىرىنى پىششىق ئوقۇپ، «قانۇن دارىنى»غا ئايلاندى. ئۇ خىزمەتتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدا مەھەللىدە پىدائىيلار پائالىيىتىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، مەھەللە ئاھالىلىرىگە قانۇن بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلىدۇ، تەربىيەلەش مەركىزىدە يېتىلدۈرگەن كىتاب ئوقۇش ئادىتىنى ھازىرغىچە داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. «كۆپ كىتاب كۆرۈش قەلبىمنى تېخىمۇ كۈچلەندۈردى، شۇنداقلا تۇرمۇش نىشانىمنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇردى».

ئىشلىگەن ۋاقتى ئۇزارغانسېرى ئۇ جاڭ خېجۈن بىلەن دوست بولۇپ قالدى. «ئىلگىرى باشقا مىللەتتىن دوستۇم يوق ئىدى، ھازىر جاڭ خېجۈن بىر ئائىلە كىشىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىم ناھايىتى ياخشى، ئۇلار خىزمەت ۋە تۇرمۇش جەھەتتە ماڭا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلىدۇ».

جاڭ خېجۈن ئۇنىڭغا لايىق تونۇشتۇرۇش بىلەن ئالدىراش ئىكەن. «ئىلگىرى ئۆزۈمنى قانداق قوغداشنى بىلمەيتتىم، لايىق ئىزدىگەندە گاڭگىراپ قالغانىدىم. ھازىر قانداق ئادەمنى تېپىشنى، قانداق تۇرمۇش كەچۈرۈشنى بىلىمەن» دېدى راھىلەم كۈلۈپ تۇرۇپ.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

مەملىكەتلىك ئىككى يىغىنغا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇر ۋە بايلىقلارنى ئەڭ زور دائىرىدە بىرىكتۈرۈپ، ئاپتونوم رايون ۋە بىڭتۈەن تاراتقۇلىرى، ھەرقايسى ناھىيە دەرىجىلىك يۇغۇرما تاراتقۇ مەركەزلىرىنىڭ ئىككى يىغىننى ياخشى خەۋەر قىلىشىنى ئۇچۇر، تېخنىكا ۋە مەھسۇلات مەدىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ، شۇنداقلا «ئىككى يىغىن كۆزنىكى، ئۇچۇر جەمگاھى، تاراتقۇ سۇپىسى، يۇغۇرما جەڭ مەيدانى» بولۇشتەك كۈچلۈك رولى ۋە گىرەلەشمە ئۈنۈمىنى جارى قىلدۇرىدۇ.

مەملىكەتلىك ئىككى يىغىن شىنجاڭ ئاخبارات مەركىزىنى تەسىس قىلىش يىراقتىن خەۋەر قىلىش ئەندىزىسىدە يېڭىلىق يارىتىشتىكى ئىزدىنىش. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش دائىملاشقان شارائىتتا، بۇ قېتىمقى مەملىكەتلىك ئىككى يىغىننى خەۋەر قىلىشتا، يىغىنغا قاتنىشىدىغان مۇخبىرلار سانى ۋە خەۋەر قىلىش شەكلىگە قارىتا تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويۇلدى، يۈزتۇرا بولىدىغان ئەنئەنىۋى زىيارەت مەلۇم دەرىجىدە چەكلىمىگە ئۇچرىدى، مۇخبىرلارمۇ «ئىككى يىغىن مەيدانىدا زىيارەت قىلىش»تىن «بۇلۇتتا يىغىننى زىيارەت قىلىش»قا ئۆتتى.

«بۇلۇتتا يىغىننى زىيارەت قىلىش»تا نەگە بېرىپ «زىيارەت» قىلىدۇ؟ 2020 - يىللىق مەملىكەتلىك ئىككى يىغىندا شىنجاڭ ئاخبارات مەركىزى كارامىتىنى كۆرسەتكەن بولدى، بېيجىڭدىكى ئىككى يىغىن نەق مەيدانىغا ئەۋەتىلگەن مۇخبىرلاردىن باشقا، كۆپ ساندىكى مۇخبىر، مۇھەررىرلەر ۋە يېڭى تاراتقۇ ئەسەرلىرىنى ئىشلىگۈچىلەر بۇ يەردە بۇ يىللىق ئىككى يىغىننى خەۋەر قىلىش ۋەزىپىسىنى تاماملايدۇ.

بېيجىڭدىكى ئىككى يىغىن نەق مەيدانىدا زىيارەت قىلىۋاتقان پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ياۋ تۇڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: «گەرچە بۇ قېتىم پەقەت ئۈچىلا مۇخبىر ئالدىنقى سەپتە بولساقمۇ، لېكىن ‹كۈچىمىز ئاجىز كېلىپ قالغان›دەك ھېس قىلمىدۇق. ئارقا سەپتە ئاخبارات مەركىزىدىن ئىبارەت تىرىكىمىز بولغاچقا، بۇ قېتىمقى مەملىكەتلىك ئىككى يىغىننى خەۋەر قىلىش ۋەزىپىسىنى ياخشى تاماملاشقا ئىشەنچىمىز بار».

مۇخبىر مەملىكەتلىك ئىككى يىغىن شىنجاڭ ئاخبارات مەركىزىنىڭ توردا زىيارەت قىلىش رايونى، ئىككى يىغىن سۆھبەت رايونى، يۇغۇرما كۆرۈنمە رايونىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ رايوندىن تەركىب تاپقانلىقىنى كۆردى. مەملىكەتلىك ئىككى يىغىن مەزگىلىدە، بۇ يەر ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى تاراتقۇلارنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق مۇخبىرلارنى ۋە ۋەكىللەر، ئەزالارنى توردا زىيارەت قىلىشى، مۇخبىر، مۇھەررىرلەرنىڭ ماتېرىيال توپلاپ ئەسەر ئىشلىشى، ئانار بۇلۇت يۇغۇرما تاراتقۇ تېخنىكا سۇپىسىنىڭ نەق مەيداندا تەڭشەپ ئورۇنلاشتۇرۇشى قاتارلىق ئىقتىدارلارنى ئۈستىگە ئېلىپ، بۇ يىللىق ئىككى يىغىننى خەۋەر قىلىشنى كۈچلۈك تىرەك بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئاخبارات مەركىزىگە ئورۇنلاشقان باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيەسى يۇغۇرما تاراتقۇ مەركىزىنىڭ مۇخبىرى تيەن تىڭشەن مۇنداق دېدى: «ناھىيە دەرىجىلىك تاراتقۇ مۇخبىرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەملىكەتلىك ئىككى يىغىننى خەۋەر قىلىشقا قاتنىشىش پۇرسىتىم كۆپ ئەمەس. بۇ قېتىم، شىنجاڭ گېزىتخانىسى (شىنجاڭ گېزىتچىلىك تاراتقۇ گۇرۇھى) قۇرغان ئاخبارات مەركىزى بولغاچقا، بىزمۇ ۋەكىللەر، ئەزالار بىلەن ‹يۈزتۇرا› كۆرۈشەلەيدىغان بولدۇق، ئىنتايىن قولايلىق ئىكەن».

«بۇلۇتتا يىغىننى زىيارەت قىلىش» «زىيارەت»نى قولايلىقلاشتۇرۇپلا قالماي، يەنە «زىيارەت»نىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرالايدۇ. مەملىكەتلىك ئىككى يىغىن شىنجاڭ ئاخبارات مەركىزىدە 5G تورى بىلەن تولۇق قاپلاش ئىشقا ئاشۇرۇلغان بولۇپ، ئەسلىدە يوللاشقا بىرنەچچە سائەتتىن ئارتۇقراق ۋاقىت كېتىدىغان چوڭ ھەجىملىك سىن ماتېرىيالنى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلا يوللىغىلى بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ۋاقىت تەننەرخى زور دەرىجىدە قىسقىرايدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت، 4K دەرىجىلىك بىۋاسىتە كۆرسىتىلگەن سىنالارنى توپلاش، چۆكمە شەكىلدىكى VR ئارقىلىق نەق ۋاقىتتا بىۋاسىتە كۆرسىتىش قاتارلىقلارنى 5G تورىنىڭ يۇقىرى سۈرئىتى ۋە تۆۋەن ۋاقىت پەرقىگە تايىنىپ، بۇ يەردە تولۇق ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

«بۇلۇتتا يىغىننى زىيارەت قىلىش»، «زىيارەت»نىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرۇپلا قالماي، يەنە «زىيارەت»تە يېڭىلىق ياراتقىلى بولىدۇ، ئاخبارات مەركىزىدە يەنە «يېشىل ئېكران» ياساش ئىقتىدارى تەسىس قىلىندى. دوكتور ئۆزى نەق مەيدانغا بېرىپ كۆرسىتىشكە ئامالسىز قالغاندا، «يېشىل ئېكران» شەكلى ئارقىلىق سىن سانلىق مەلۇماتلىرىنى يىغىپ ئىشلەپ، «نەق مەيداندىن بىۋاسىتە كۆرسىتىش» ئۈنۈمىگە يېتەلەيدۇ. مەملىكەتلىك ئىككى يىغىن شىنجاڭ ئاخبارات مەركىزىدە، يەنە ئاخبارات ماشىنا ئادىمى، مەۋھۇم دوكتور قاتارلىق ئاخبارات ئەسەرلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشتىكى بىريۈرۈش يېڭى تېخنىكا، يېڭى ۋاستىلەر ئوتتۇرىغا چىقىرىلدى، ئىشىنىمىزكى، بۇ يىللىق مەملىكەتلىك ئىككى يىغىننى خەۋەر قىلىش چوقۇم تېخىمۇ يېڭى، تېخىمۇ مەزمۇنلۇق بولىدۇ.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

بېيجىڭغا مېڭىشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى، مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، ئىجتىمائىي مۇقىملىق قاتارلىق مۇھىم، زور مەسىلىلەر ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، مائارىپ، داۋالاش قاتارلىق ئامما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان خەلق تۇرمۇشى مەسىلىلىرىنى چۆرىدەپ، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، دەلىللەپ، جەمئىيەت ئەھۋالى، خەلق رايىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاپ، تەكلىپ - تەۋسىيەلەرنى ئەستايىدىل يېزىپ، مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشقا پائال، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياخشى تەييارلىق قىلدى.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى قەيسەر ئابدۇكېرىم مۇنداق دېدى: يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش دائىملاشقان ئالاھىدە ئارقا كۆرۈنۈشتە، بۇ قېتىمقى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىنىڭ ئېچىلىشى مۇقەررەر ھالدا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلبە قىلىش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەيدۇ. بۇ قېتىم ئۇ داۋالاش بىرلەشمە گەۋدىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، تېببىي ئىلىم ئىختىساسلىقلىرىنى يېتىشتۈرۈشنى تېزلىتىش قاتارلىق داۋالاش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك تەكلىپنى ئېلىپ كەلدى.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى قۇربان نىياز يېزا - بازارلىق مەدەنىيەت پونكىتلىرىنى قۇرۇش - كۈچەيتىش، جۇڭخۇا مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇش قاتارلىق تەرەپلەردىكى تەكلىپنى تەييارلىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «جۇڭخۇا مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ئارقىلىق كەڭ پۇقرالارنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى يېتەكلەپ، بېيىتىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭنى ئورتاق ياخشى قۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئۈمىد قىلىمەن».

ۋەكىللەر مۇنۇلارنى بىلدۈرۈشتى: بۇ يىل ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىلىدىغان ۋە «13 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلان تاماملىنىدىغان يىل، شۇنداقلا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلبە قىلىدىغان يىل، بۇ قېتىمقى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنى ياخشى ئېچىشنىڭ ئەھمىيىتى مۇھىم، زور. «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىمىزنى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، مەسئۇلىيەتچانلىق روھى، تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق، ياخشى ئىستىل ئارقىلىق ۋەكىللىك مەسئۇلىيىتىمىزنى ئادا قىلىپ، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مۇھىم تاپشۇرۇقىنى يەردە قويمايمىز.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ئىككى يىغىن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش دائىملاشقان ئالاھىدە ئارقا كۆرۈنۈشتە ئېچىلدى، يىغىن بۇ يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى نىشان - ۋەزىپىلەرنى پىلانلاش، ئورۇنلاشتۇرۇشتەك مۇھىم بۇرچنى زىممىسىگە ئالغان بولۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلبە قىلىش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم، زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۆتكەن بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى ۋە خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، دىققەتنى ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلبە قىلىش، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىش قاتارلىق ۋەزىپىلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، مەخسۇس كېڭەش ئاپپاراتى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، تۈرلۈك فۇنكسىيەلىرىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرى ۋە خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى خىزمىتىگە قويغان تەلەپلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، دۆلىتىمىز ئىچى - سىرتىدىكى جۇڭخۇا پەرزەنتلىرىنىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە كۈچىنى مۇجەسسەملەشتىن ئىبارەت سىياسىي مەسئۇلىيەتنى ھەقىقىي زىممىسىگە ئېلىپ، پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا يېڭى تۆھپە قوشتى. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىن ئىبارەت بۇ مەيدان كەسكىن كۈرەشتە، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرما - تەلەپلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇشتەك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىگە ئاتلىنىشنى مۇھىم ۋەزىپە قىلىپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ چارە - تەدبىر كۆرسىتىش ۋە ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەشتىن ئىبارەت قوش يۆنىلىشلىك كۈچەيتىشتە چىڭ تۇرۇپ، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىگە قاتناشقان ھەرقايسى پارتىيە - گۇرۇھلار ۋە ھەر مىللەت، ھەر ساھە زاتلىرىنى تەشكىللەپ، يۇقۇم ئۈستىدىن غەلبە قىلىش ئۈچۈن ئەقىل - پاراسەت ۋە كۈچ قوشتى؛ كەڭ سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى مەۋقەنى ئۆز خىزمەت ئورنىغا قويۇپ، تېببىي دىياگنوز قويۇش - داۋالاش، پەن تەتقىقات ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، مەھەللىدە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قاتارلىق خىزمەتلەردە ئۆز ئارتۇقچىلىقلىرىنى نامايان قىلىپ، ئۆز ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، مېھىر - شەپقەت يەتكۈزۈپ، تۆھپە قوشۇپ، «خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى خەلق ئۈچۈن» دېگەن تەلەپنى ئەمەلىيىتىدە كۆرسەتتى.

«پەقەت جاپا - مۇشەققەتكە دۇچ كەلگەندە، قەيسەرلىك ئاندىن تېخىمۇ نامايان بولىدۇ؛ پەقەت چىن نىيەت بىلەن قىلىنغان ئىش ئاندىن تېخىمۇ قىممەتكە ئىگە بولىدۇ.» 2020 - يىلى ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىلىدىغان ۋە «13 - بەش يىللىق» يىرىك پىلان تاماملىنىدىغان يىل، شۇنداقلا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلبە قىلىدىغان يىل، تۇيۇقسىز تارقالغان يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى بىزنىڭ بېكىتىلگەن نىشان - ۋەزىپىلەرنى تاماملىشىمىزغا خىرىس ئېلىپ كەلدى. نىشانغا قانچە يېقىنلاشقانسېرى، ۋەزىيەت قانچە مۇرەككەپلەشكەنسېرى، ۋەزىپە قانچە مۈشكۈل بولغانسېرى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى رەھبەرلىكىنىڭ سىياسىي ئەۋزەللىكى ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى شۇنچە جارى قىلدۇرۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە كۈچىنى مۇجەسسەملەپ، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى جۇڭخۇا پەرزەنتلىرى بىر نىيەتتە ئويلايدىغان، بىر مەقسەتتە كۈچ چىقىرىدىغان قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. بىرلىك سەپ تەشكىلاتى، كۆپ پارتىيە ھەمكارلىقى ۋە سىياسىي مەسلىھەت ئاپپاراتى، خەلق دېموكراتىيەسىنىڭ مۇھىم ئىشقا ئاشۇرۇلۇش شەكلى بولۇش سۈپىتى بىلەن، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى مەخسۇس مەسلىھەتلىشىش ئاپپاراتى، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە تۈزۈم ئورۇنلاشتۇرۇشى بولۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئورتاق ئىدىيەۋى - سىياسىي ئاساسنى مۇستەھكەملەشتىكى ئاساسىي ئوق قىلىپ، «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا مۇلازىمەت قىلىشنى خىزمەتلەرنىڭ ئاساسىي لىنىيەسى قىلىپ، ئىدىيەۋى - سىياسىي يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىش، ئورتاق تونۇشنى كەڭ دائىرىدە مۇجەسسەملەشنى مەركىزىي ھالقا قىلىپ، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى دۆلەت ئىدارە قىلىشنىڭ ئۈنۈم ئىقتىدارىغا ئايلاندۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش نىشان - ۋەزىپىلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ تارىخىي بۇرچىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملىشى كېرەك.

كېڭەش ئارقىلىق بىرلىككە كەلگىلى، مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدۇ. ھازىر دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى دۇچ كېلىۋاتقان خىرىس مىسلىسىز بولۇۋاتىدۇ، جەزمەن قىيىنچىلىق، خەۋپ - خەتەر ۋە ئېنىقسىزلىقنى تولۇق مۆلچەرلەپ، تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا تۇتۇش كېرەك. خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش نىشان - ۋەزىپىلىرىنى چىڭ كۆزلەپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىشتىكى ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇپ، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ سىياسىي تەشكىلات ۋە دېموكراتىيە شەكلى بولۇشتەك ئۈنۈم ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇپ، سىياسىي جەھەتتە كېڭىشىش، دېموكراتىك نازارەت قىلىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش ۋە ئۇنى مۇھاكىمە قىلىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، ئورتاق تونۇشنى تېخىمۇ ياخشى مۇجەسسەملەپ، داۋاملىق يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئەقىل - پاراسەت ۋە كۈچ توپلاپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۆھپە قوشۇشى كېرەك. خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى پارتىيەنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلەرگە بولغان رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى كۈچەيتىشتىكى مۇھىم بازا، پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىشچان نەزەرىيەسى ئارقىلىق ھەر مىللەت، ھەر ساھە ۋەكىل - زاتلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان، تەربىيەلەيدىغان، يېتەكلەيدىغان مۇھىم سۇپا، ئورتاق ئىدىيەۋى، سىياسىي ئاساستا زىددىيەتلەرنى تۈگىتىدىغان ۋە ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەيدىغان مۇھىم يول، فۇنكسىيەلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، بۈيۈك ئىتتىپاقلىق، بۈيۈك بىرلىشىشتە چىڭ تۇرۇپ، بىردەكلىك بىلەن كۆپ خىللىقنىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ئورتاق ئىدىيەۋى، سىياسىي ئاساسنى ئۆزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ، تىرىشىپ ئەڭ چوڭ ئورتاقلىقنى تېپىپ، ئەڭ چوڭ مەركەزداش چەمبەرنى سىزىپ چىقىپ، مىللەتنى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشنى ئورتاق ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك.

«كۆپنىڭ كۈچىنى مۇجەسسەملىگەندىلا، ھەممە ئىشتا غەلبە قىلغىلى بولىدۇ؛ كۆپنىڭ ئەقىل - پاراستىنى مۇجەسسەملىگەندىلا، ھەممە ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدۇ.» «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تارىخىي گىرەلىشىش نۇقتىسىدا تۇرۇۋاتىمىز، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ بۇرچى شەرەپلىك، مەسئۇلىيىتى مۇھىم، زور. ھەرقايسى ئەزالارنىڭ دۆلەت ئۈچۈن مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش، خەلق ئۈچۈن مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىش ھېسسىياتى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقىدا چىڭ تۇرۇپ، كەسپىنى قەلبىگە پۈكۈپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلبە قىلىش، يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى پۈتۈش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز!

يىغىننىڭ تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا تىلەكداشمىز!

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)